بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# ئىسلام ئاۋازى

## 17- سان

(قوش ھەپتىلىك گېزىت)

# دىنىي ئەھكاملار

## ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسى ھەققىدە چۈشەنچە

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

«لا إله إلا الله» (الله تىن باشقا ھەقىقىي قۇلچىلىق قىلىنغۇچى يوق) دېگەن شاھادەت (گۇۋاھلىق)نى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئىككى چوڭ رۇكنى (ئاساسى) بار:

بىرىنچى، بارلىق ئىبادەت تۈرلىرىنى ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەستىن يەككە-يېگانە الله تعالى غىلا قىلىش. الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ إِنَّ صَلَاتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ ۞ لَا شَرِيكَ لَهُ وَبِذَٰلِكَ أُمِرْتُ وَأَنَا أَوَّلُ الْمُسْلِمِينَ﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى: <مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت-ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله ئۈچۈندۇر [162]. الله نىڭ شېرىكى يوقتۇر، مەن مۇشۇنىڭغا (يەنى يالغۇز الله قىلا خالىس ئىبادەت قىلىشقا) بۇيرۇلدۇم، مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋۋىلىمەن> [163]» (سۈرە ئەنئام 162- ۋە 163- ئايەتلەر).

ئىككىنچى، مۇشۇ ئىبادەتلەردىن ھېچبىرىنى الله تعالى نىڭ غەيرىگە قىلماسلىق. الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَمَن كَانَ يَرْجُو لِقَاءَ رَبِّهِ فَلْيَعْمَلْ عَمَلًا صَالِحًا وَلَا يُشْرِكْ بِعِبَادَةِ رَبِّهِ أَحَدًا﴾ «كىمكى پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن (ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ ئازابىدىن قورقىدىكەن)، ياخشى ئىش قىلسۇن، پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن» (سۈرە كەھف 110- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

بۇ دېگەنلىك — خالىق (ياراتقۇچى)نىڭ ھوقۇقلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىدىن ھېچبىرى مەخلۇققا (يارىتىلغۇچىغا) بېرىلمەيدۇ ۋە الله تعالى دىن باشقىسى قادىر بولالمايدىغان ئىشلار مەخلۇققا مەنسۇپ قىلىنمايدۇ دېگەنلىكتۇر. يەنى، الله تعالى دىن باشقا ھېچكىمگە ئىبادەت (قۇلچىلىق) قىلىنمايدۇ. ناماز، سەجدە، نەزىر، قۇربانلىق قىلىش، تەۋەككۇل قىلىش، ياردەم ۋە مەدەت تىلەش، دۇئا قاتارلىق ئىبادەتلەر ۋە ئۇنىڭدىن باشقا پەقەت الله تعالى غىلا خاس بولغان ئىبادەتلەر الله تعالى نىڭ غەيرىگە قىلىنمايدۇ.

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ مەنھىجى شۇكى، ئۇلار الله تعالى غا ئىبادەت قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ، الله تىن باشقا ھېچكىمگە ئىلتىجا قىلمايدۇ، الله تىن باشقا ھېچكىمدىن ياردەم ۋە مەدەت تىلىمەيدۇ، الله تىن باشقا ھېچكىمگە تەۋەككۇل قىلمايدۇ ۋە الله تىن باشقا ھېچكىمدىن قورقمايدۇ. ئۇلار ئىتائەت ۋە ئىبادەت قىلىش ھەمدە سالىھ ئەمەللەر ئارقىلىق الله تعالى غا يېقىنلىشىدۇ. الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاعْبُدُوا اللَّهَ وَلَا تُشْرِكُوا بِهِ شَيْئًا﴾ «الله قا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار» (سۈرە نىسا 36- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

### 3. تَوْحِيدُ الْأَسْمَاءِ وَالصِّفَاتِ

بۇنىڭ مەنىسى — الله تعالى نىڭ گۈزەل ئىسىملىرى ۋە ئالىي سۈپەتلىرى بارلىقىغا، بارچە مۇكەممەللىك سۈپەتلىرى بىلەن سۈپەتلىنىدىغانلىقىغا، بارچە نۇقسانلاردىن پاك ئىكەنلىكىگە ھەمدە شۇ سۈپەتلەر ۋە خۇسۇسىيەتلەر بىلەن بارچە كائىنات ۋە مەخلۇقاتلاردىن ئالاھىدە پەرقلىق ئىكەنلىكىگە جەزمىي ئېتىقاد قىلىشتۇر.

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە الله تعالى نى قۇرئان ۋە سۈننەتتە كەلگەن سۈپەتلىرى بىلەن تونۇيدۇ ھەمدە الله ئۆزىنى قانداق سۈپەتلىگەن بولسا ۋە پەيغەمبەر ﷺ قانداق سۈپەتلىگەن بولسا شۇنداق سۈپەتلەيدۇ. ئۇلار كەلىمىلەرنى ئۆز ئورنىدىن بۇرمىلىۋەتمەيدۇ، الله تعالى نىڭ ئىسىملىرى ۋە ئايەتلىرى ھەققىدە تىل تولغىمايدۇ (يەنى ھەقتىن بۇرۇلۇپ كەتمەيدۇ). ئۇلار الله تعالى ئۆزىدە بارلىقىنى ئېيتقان سۈپەتلەرنى بار دەيدۇ لېكىن ئۇلار ئۇ سۈپەتلەرنى «تَمْثِيل» قىلمايدۇ (يەنى ھېچنەرسىگە ئوخشاتمايدۇ)، «تَكْيِيف» قىلمايدۇ (يەنى الله تعالى نىڭ سۈپەتلىرىنىڭ قانداقلىقىنى بايان قىلمايدۇ)، «تَعْطِيل» قىلمايدۇ (يەنى الله تعالى نىڭ سۈپىتىنى يوق قىلىۋەتمەيدۇ ياكى بەزى سۈپىتىنى بار قىلىپ، قالغان سۈپىتىنى يوق قىلىۋەتمەيدۇ) ۋە «تَحْرِيف» قىلمايدۇ (يەنى الله تعالى نىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنىڭ لەۋزىنى ياكى مەنىسىنى ئۆزگەرتىۋەتمەيدۇ؛ كىتاب ۋە سۈننەتتىن ھېچبىر دەلىل بولماي تۇرۇپ، ھېچبىر سۆزنى ئاشكارا مەنىسىدىن دەلىل بولمايدىغان، ئاجىز بىر ئېھتىماللىقى بار بولغان مەنىگە بۇرىۋەتمەيدۇ). دېمەك، ھەر قانداق «تَحْرِيف» «تَعْطِيل» بولىدۇ ئەمما ھەر قانداق «تَعْطِيل» «تَحْرِيف» بولمايدۇ (يەنى الله تعالى نىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرى كەلگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى ھەقىقىي لەۋزىدىن ياكى ھەقىقىي مەنىسىدىن باشقا بىر لەۋزىگە ياكى باشقا بىر مەنىگە بۇرمىلىۋەتكەنلىك — الله تعالى نىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنى يوققا چىقارغانلىق بولىدۇ ئەمما الله تعالى نىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنى يوققا چىقارغانلىق لەۋزىدىن ياكى مەنىسىدىن بۇرمىلىغانلىق بولۇۋەرمەيدۇ).

بۇ توغرىسىدا ئۇلار (يەنى ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە)نىڭ قائىدىسى الله نىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرىدىن ئىبارەتتۇر: ﴿فَاطِرُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ جَعَلَ لَكُمْ مِنْ أَنْفُسِكُمْ أَزْوَاجًا وَمِنَ الْأَنْعَامِ أَزْوَاجًا يَذْرَؤُكُمْ فِيهِ لَيْسَ كَمِثْلِهِ شَيْءٌ وَهُوَ السَّمِيعُ الْبَصِيرُ﴾ «الله ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقۇچىدۇر، الله سىلەرگە ئۆز جىنسىڭلاردىن جۈپتىلەرنى (يەنى ئاياللارنى) ياراتتى، ھايۋانلارغىمۇ ئۆز تىپىدىن جۈپتىلەرنى ياراتتى، بۇ ئارقىلىق الله سىلەرنى كۆپەيتىدۇ. ھېچ شەيئى الله قا ئوخشاش ئەمەستۇر، الله ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر» (سۈرە شۇرا 11- ئايەت).

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# بۇلاقتىن تامچە

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿ذَٰلِكُمْ وَأَنَّ اللَّهَ مُوهِنُ كَيْدِ الْكَافِرِينَ﴾.

### ئايەتنىڭ تەرجىمىسى

«بۇ (الله نىڭ مۇئمىنلەرگە بەرگەن ئىنئامىدۇر). الله كاپىرلارنىڭ ھىيلىسىنى چوقۇم مەغلۇپ قىلغۇچىدۇر» (سۈرە ئەنفال 18- ئايەت).

### ئايەتنىڭ تەپسىرى

بۇ ھەقتە ئىبنى كەسىر رحمه الله مۇنداق دەيدۇ: «بۇ مۇئمىنلەر ئېرىشكەن غەلىبىدىن باشقا يەنە بىر خۇشخەۋەردۇر چۈنكى الله تعالى بۇ ئايەتتە ئۇلارغا كەلگۈسىدە كاپىرلارنىڭ ھىيلىسىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئىشىنى روناق تاپقۇزمايدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ داۋاملىق مەغلۇبىيەتكە ۋە ھالاكەتكە ئۇچرايدىغانلىقىنى جاكارلىدى» («ئىبنى كەسىر تەپسىرى»دىن ئېلىندى).

بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە سەييىد قۇتۇب رحمه الله مۇنداق دەيدۇ: «الله نىڭ تەدبىرى سىلەرگە دۈشمەنلىرىڭلارنى قولۇڭلار ئارقىلىق ئۆلتۈرۈپ بېرىش، ئۇلارغا پەيغەمبىرىڭلارنىڭ ئوقىنى تەگكۈزۈپ بېرىش ۋە سىلەرگە ئەجىر ئاتا قىلىش ئۈچۈن گۈزەل ئىمتىھانلار ئارقىلىق سىناش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن بەلكى كاپىرلارنىڭ مىكىرلىرىنى ۋە پىلانلىرىنى زەئىپلەشتۈرۈشىمۇ بار شۇڭا قورقۇشقا، مەغلۇبىيەت ھېس قىلىشقا ئورۇن يوق ۋە مۇئمىنلەر كاپىرلارغا ئۇچراشقاندا كەينىگە يۈز ئۆرۈپ قېچىشقىمۇ ئورۇن يوق.

بۇ يەردە ئايەتنىڭ بايان ئۇسلۇبى جەڭنىڭ پۈتۈن ۋەزىيىتىگە ۋە شارائىتلىرىغا باغلىنىشلىق... مۇشرىكلارنى ئۆلتۈرگەن، ئۇلارغا ئوق ئاتقان، مۇئمىنلەرنى ئىمتىھان بىلەن سىنىغان ۋە كاپىرلارنىڭ تەدبىرلىرىنى زەئىپلەشتۈرگەن زات پەقەت الله لا تۇرسا ھەمدە بۇ جەڭنىڭ ھەممىسى الله نىڭ تەدبىرى ۋە تەقدىرى بىلەن باشقۇرۇلىدىغان تۇرسا؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، مۇئمىنلەرنىڭ بۇ جەڭدە شۇ ئىلاھىي تەدبىرنىڭ پەردىسى بولۇشتىن باشقا ۋەزىپىسى يوق تۇرسا يەنە نېمە ئۈچۈن ئىختىلاپ ۋە تالاش-تارتىش يۈز بېرىدۇ؟ (يەنى تالاش-تارتىش قىلماسلىق كېرەك)» («فى زىلال قۇرئان»دىن ئېلىندى).

بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە ئىبنى جەرىر مۇنداق دەيدۇ: «بىلىڭلاركى، ھەقىقەتەن الله مۇئمىنلەرگە غەلىبە-نۇسرەت بېرىدىغان بولسىمۇ، كاپىرلار ھەققە بويسۇنۇپ خار بولغۇچە الله ئۇلارنىڭ ھىيلە-مىكرىنى ئاجىزلاشتۇرغۇچىدۇر» («تەبەرى تەپسىرى»دىن ئېلىندى).

# ھەدىس ئۈنچىلىرى

عَنْ حُذَيْفَةَ رضي الله عنه قَالَ: قَالَ رسولُ الله ﷺ: «لا يَدْخُلُ الجَنَّةَ نَمَّامٌ».

### ھەدىسنىڭ تەرجىمىسى

ھۇزەيفە رضي الله عنه دىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «چېقىمچى جەننەتكە كىرمەيدۇ» («سەھىھ مۇسلىم» 71- ۋە 168- ھەدىس).

### ھەدىسنىڭ شەرھىسى

شەيخ ئۇسەيمىن رحمه الله بۇ ھەدىسنى شەرھلەپ مۇنداق دەيدۇ: «<ئۇممەتنى پارچە-پارچە قىلىۋېتىدىغان نەرسە نېمە؟> دېيىلسە، بۇنىڭغا جاۋاب چېقىمچىلىقتىن ئىبارەتتۇر».

چېقىمچىلىق دېگەن — ئىنسانلارنىڭ سۆزىنى ۋە مۇناسىۋىتىنى بۇزۇش ئۈچۈن بىرىنىڭ سۆزىنى بىرىگە يەتكۈزۈش بولۇپ، مانا بۇ چوڭ گۇناھلارنىڭ قاتارىدىندۇر. پەيغەمبەر ﷺ گە قەبرىسىدە ئازابلىنىۋاتقان ئىككى كىشىنىڭ ئەھۋالى بىلدۈرۈلگەندە، رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ ئىككى كىشىنىڭ بىرىنىڭ چېقىمچىلىق قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن.

ھەقىقەتەن بەزى كىشىلەر پىتنىگە (ئازغۇنلۇققا) چۈشۈپ قالىدۇ. ئاندىن ئۇ كىشى ئىنسانلارنىڭ سۆزىنى بىر-بىرىگە يەتكۈزۈشكە ئادەتلىنىپ قالىدۇ (الله قا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز). ئاندىن بىر كىشىنىڭ قېشىغا كېلىپ: «پالانى سەن ھەققىدە مۇنداق-مۇنداق دەيدۇ» دەپ يەتكۈزىدۇ. ئۇ ئادەم گاھىدا راست سۆزلەيدۇ، گاھىدا يالغان سۆزلەيدۇ ھەتتا ئۇ ئادەم راست سۆزلىگەن تەقدىردىمۇ بۇ چوڭ گۇناھتۇر. الله سبحانه وتعالى مۇنداق كىشىگە ئىتائەت قىلىشتىن توسۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تُطِعْ كُلَّ حَلَّافٍ مَهِينٍ ۞ هَمَّازٍ مَشَّاءٍ بِنَمِيمٍ﴾ «سەن قەسەمخور، پەس، غەيۋەتخور، سۇخەنچىگە ئىتائەت قىلمىغىن» (سۈرە قەلەم 10-، 11- ئايەت).

بەزى ئىلىم ئەھلىلىرى مۇنداق دەيدۇ: «ساڭا باشقىلارنىڭ سۆزىنى ئەكەلگەن كىشى سېنىڭ سۆزۈڭنىمۇ ھەم باشقىلارغا يەتكۈزىدۇ، ئۇنداق كىشىدىن ئېھتىيات قىلغىن، ئۇنداق كىشىگە ئىتائەت قىلمىغىن، ئۇنداق كىشىنىڭ سۆزىگە ئېتىبار بەرمىگىن» («شرح رياض الصالحين»دىن ئېلىندى).

# يۇلتۇزلار چىمىرلايدۇ

## بۇ جەڭدىكى ئىماني خىسلەتلەر ۋە بەزى ۋەقەلىكلەر

بىز ئىلگىرى ئەفرانىڭ ئىككى ئوغلى ئەۋس ئىبنى ھارىس ۋە ئۇمەير ئىبنى ھۇمام رضي الله عنهما لارنىڭ مۇشۇ جەڭدىكى نەمۇنىلىك ئىش-ئىزلىرىنى سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇق. مانا بۇ ئاجايىپ كۆرۈنۈش بولۇپ، ئەقىدىنىڭ كۈچلۈك پرىنسىپىنىڭ ئىنتايىن مۇستەھكەم ئىكەنلىكىنى نامايان قىلاتتى. بۇ جەڭدە ئاتا ئۆز بالىسىغا، قېرىنداش ئۆز قېرىندىشىغا قارشى ئۇچراشتى. بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەقىدە ئوخشىماسلىقى بولغاچقا ئۇلارنى قىلىچ ئايرىدى، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى زۇلۇم قىلغۇچىدىن قىساسىنى ئېلىۋالدى.

1. ئەنەس ئىبنى مالىك رضي الله عنه مۇنداق دەيدۇ: «بەدر كۈنى ھارىسە شەھىد قىلىندى، ئۇ بىر ياش يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ ئانىسى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ: <ھەقىقەتەن سەن مېنىڭ ھارىسەنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلىسەن. ئەگەر ھارىسە جەننەتتە بولسا سەۋر قىلىمەن ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلىمەن، ئۇنداق بولمىسا قاتتىق يىغلايمەن> دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: <ئەقلىڭىزنى يوقاتتىڭىزمۇ، جەننەت بىرمۇ!؟ شۈبھىسىزكى، جەننەت كۆپتۇر، ھارىسە فىردەۋس جەننىتىدىدۇر> دېدى».

2. ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: [ماڭا ئاسىم ئىبنى ئەمر ئىبنى قەتادە ھەدىس سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېدى: «ھەقىقەتەن ئەفرانىڭ ئوغلى ئەۋس ئىبنى ھارىس: <ئى رەسۇلۇللاھ! رەببىمنى بەندىسىنىڭ قايسى ئىشى كۈلدۈرىدۇ؟> دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: <بەندىسىنىڭ قالقانسىز ھالدا دۈشمەن ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىشى> دەپ جاۋاب بەردى. ئەۋس ئىبنى ھارىس ئۈستىدىكى ساۋۇتىنى سېلىپ تاشلىۋەتتى-دە، قىلىچىنى ئېلىپ كاپىرلارغا قارشى جەڭ قىلىپ ئاخىرى شەھىد قىلىندى»].

بۇ خەۋەر ساھابىلەرنىڭ ئاخىرەتكە بولغان

(ئاخىرى 2- بەتتە)



ئىسلام ئاۋازى 17- سان ھىجرىيە: 1438/05/07 مىلادىيە: 2017/02/03




■ ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرىنىڭ 1- ئايئىچىدە دۈشمەنلەرگە يەتكۈزگەن تالاپەتلىرى تۆۋەندىكىچە:

12 ئەسكەر توشۇغۇچى بىرونېۋىكتىن 12 دانە، ھامېر تىپلىق ماشىنىدىن 109 دانە، ئەسكەر توشۇغۇچى ئاپتوموبىلدىن 18 دانە ۋە باشقا كىچىك تىپتىكى ماشىنىلاردىن 60 دانىدىن كۆپرەكى ۋەيران بولغان.

نەنگارھار ۋىلايىتىدە ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ بىر دانە ئۇچقۇچىسىز جاسۇس ئايروپىلانى ئېتىپ چۈشۈرۈلگەن.

مۇرتەد ئارمىيە ئەسكىرىدىن 876 نەپىرى ئۆلگەن، 586 نەپىرى يارىلانغان.

■ 1- ئاينىڭ 23- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ پاكتىيا ۋىلايىتى جانغىل رايونىدا مۇرتەد ئارمىيىنىڭ ئەسكىرىي ماشىنىسىغا قارشى پىستىرما ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 12 نەپەر مۇرتەد ئەسكەر ئۆلگەن ۋە يارىلانغان.

■ 1- ئاينىڭ 27- كۈنى ئەتىگەندە ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى كېنىيە تاجاۋۇزچى ئارمىيىسىنىڭ بىر ئەسكىرىي بازىسىغا كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان. جەڭ ئاۋۋال ئىككى نەپەر قېرىندىشىمىزنىڭ پىدائىيلىق قىلىشى بىلەن باشلانغان بولۇپ، پىدائىيلىق ھۇجۇمىدىن كېيىن ھۇجۇمچى گۇرۇپپىدىكى قېرىنداشلار مەزكۇر ئەسكىرىي بازىغا باستۇرۇپ كىرگەن ۋە بىر سائەت ئەتراپىدا قاتتىق ئېتىشقان. نەتىجىدە 66 نەپەر تاجاۋۇزچى كېنىيە ئەسكىرى ئۆلگەن ۋە يارىلانغان، كۆپلىگەن مىقداردا قورال-ياراق، ئوق-دورىلار ۋە ئونىغا يېقىن ئەسكىرىي ماشىنا غەنىيمەت ئېلىنغان. جەڭدىن كېيىن مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز بۇ ئورۇندىن ساق-سالامەت يېنىپ چىققان.

■ 1- ئاينىڭ 28- كۈنى يەمەننىڭ بەيدا ۋىلايىتى يۇكەللا يېزىسىدا تاجاۋۇزچى ئامېرىكا ئارمىيىسى مۇجاھىدلارغا ھۇجۇم قىلىش باھانىسىدا ئونغا يېقىن ئايال-باللارنى شەھىد قىلىۋەتكەن. كېيىن يەمەن ئەلقائىدە مۇجاھىدلىرى تاجاۋۇزچى ئامېرىكا ئارمىيىسىغا قارشى قايتۇرما ھۇجۇم قىلىپ 2 دانە «ئاپاچ» ناملىق تىككۇچار ئايروپىلاننى ئېتىپ چۈشۈرۈۋەتكەن ۋە ئامېرىكا ئالاھىدە قىسمىنىڭ ئەسكىرىدىن بىرنى جەھەننەمگە ئۇزاتقان، ئۈچىنى يارىلاندۇرغان.

■ 1- ئاينىڭ 28- كۈنى شام زېمىنىدىن مۇئمىنلەرنىڭ قەلبىنى شاتلاندۇرىدىغان كاتتا خۇشخەۋەر تارقالدى. شام جىھادى باشلىنىپ 6 يىل بولغاندا شام دىيارىدا جىھاد قىلىۋاتقان كۆپلىگەن جىھادىي جامائەتلەر بىر ئەمىرلىك ئاستىغا توپلىنىشىپ كاپىرلار قەلبىگە قورقۇنچ سېلىش بىلەن بىرگە مەزلۇم ئۇممەت قەلبىگە ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بېغىشلىدى. بۇ بىرلىكنىڭ ئىسمى «هيئة تحرير الشام (شامنى ئازاد قىلىش بىرلىكى)» دەپ ئاتالغان بولۇپ، شەيخ ھاشىم ئەبۇ جابىر حفظه الله باش ئەمىرلىككە تەيىنلەندى.

■ 1- ئاينىڭ 30- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ ھېلمەند ۋىلايىتى سەنگىن رايونىدا مۇرتەد ئارمىيەگە قارشى كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان. بۇ جەڭ ئاۋۋال بىر قېرىندىشىمىزنىڭ پىدائىيلىق قىلىشى بىلەن باشلانغان بولۇپ، مۇرتەد ئارمىيە بىلەن قاتتىق جەڭ قىلىش نەتىجىسىدە سەنگىن رايونىدىكى 20 بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش پونكىتى مۇجاھىدلار قولىغا ئۆتكەن. مۇرتەد ئارمىيەنىڭ 100 گە يېقىن ئەسكىرى جەھەننەمگە ئۇزىغان، 15 نەپىرى ئەسىرگە چۈشكەن. كۆپ مىقداردىكى قورال-ياراق ۋە ئوق-دورىلار غەنىيمەت ئېلىنغان.

■ 1- ئاينىڭ 31- كۈنى يەمەن ئەلقائىدە مۇجاھىدلىرى يەمەننىڭ ئىب ۋىلايىتىدە مۇرتەد ئارمىيىگە قارشى پىستىرما ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە ھۇسەيىن شىئەلىرىنىڭ مەسئۇللىرىدىن ئەبۇ ناسىر ۋە ئىككى قوغدىغۇچىسى ئۆلگەن، تۆت نەپىرى يارىلانغان.

■ الله نىڭ رەھمىتى بىلەن سۈرىيەدىكى مۇجاھىدلارنىڭ بىرلىكىگە كەلگەن «هيئة تحرير الشام» جامائىتى بەششار ئەسەد زىندانىدىن 55 نەپەر ئايال ۋە بالا مەھبۇسلارنى ئازات قىلدى. بۇ مەھبۇسلارنى مۇجاھىدلار «ئۇممۇلمۇئمىنىن ئائىشە» ناملىق جەڭدە ئەسىرگە ئالغان شىئە ئەسكەرلىرى بىلەن ئالماشتۇرغان. بۇ ئايال-باللارنىڭ بەزىلىرى بۇ تۈرمىدە ياتقىلى 2—3 يىل بولغان ئىكەن.

■ 2- ئاينىڭ 1- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ باياۋاكپول ۋىلايىتى دورىكا شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا ھۆكۈمەت ئارمىيىسىگە قارشى پىستىرما ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە بىر نەپەر ئەسكىرىي مەسئۇل ۋە ئىككى نەپەر ئەسكەرنى ئۆلتۈرگەن.

■ 2- ئاينىڭ 1- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ جالالئاباد ئايرودروم ئىستانسىسى ئەتراپىدا ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ بىر دانە ئەسكىرىي ماشىنىسىنى مىناغا چۈشۈرۈپ ئىككى نەپەر ئامېرىكا ئەسكىرىنى جەھەننەمگە ئۇزاتقان ۋە ئۈچ نەپىرىنى يارىلاندۇرغان.

■ مۇشۇ 3 ھەپتە ئىچىدە ئافغانىستاننىڭ قۇندۇز ۋىلايىتى خانئاباد رايونىدا مۇرتەد ئارمىيە ئىچىدىكى 50 نەپەر ساقچى ۋە ئەسكەرلەر ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى سېپىگە قېتىلىپ ئۆزلىرىنىڭ ھەققە قايتقانلىقلىرىنى بىلدۈرگەن. بۇ — ئىمارەت مۇجاھىدلىرىنىڭ دەۋەت بىلەن جىھادنى بىرگە ئېلىپ بارغانلىقىنىڭ سەۋەبىدىن بولغان (إن شاء الله).

يېقىندا ئىمارەتنىڭ قۇندۇز ۋىلايىتىدىكى مەسئۇلى بۇ رايوندىكى خەلقلەرگە ئېلان چىقىرىپ: «كىمكى خائىن، مۇرتەد ئارمىيە سېپىنى تەرك ئېتىپ نورمال ھاياتىغا قايتسا، ئۇ كەچۈرۈۋېتىلىدۇ» دېگەن ئىدى.

■ 2- ئاينىڭ 9- كۈنى ئاتالمىش ئىسرائىلىيەنىڭ پايتەختى تېل ئاۋىۋدا بىر پەلەستىنلىك قېرىندىشىمىز يەھۇدىيلارغا قارشى قوراللىق ئەمەلىيەت ئېلىپ بېرىپ 5 نەپەر يەھۇدىينى يارىلاندۇرغان. بۇ ئەمەلىيەتتىن كېيىن ساقچىلار كېلىپ بۇ قېرىندىشىمىزنى شەھىد قىلىۋەتكەن.

■ 2- ئاينىڭ 7- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ فەراھ ۋىلايىتى ھاكسفىد رايونىنىڭ ھاكىمىنى جەھەننەمگە ئۇزاتقان. مەزكۇر ھاكىم بۇ رايوندا ئالتە يىل ئىشلەش جەريانىدا خەلققە كۆپ زۇلۇملارنى سالغان ئىكەن.

■ 2- ئاينىڭ 9- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ باغلان ۋىلايىتى بالغۇمرى رايونىدا ئالىمجان ئىسىملىك بىر نەپەر پارلامېنت ئەزاسىنىڭ ماشىنىسىغا مىنا قويۇپ پارتلىتىپ، مەزكۇر پارلامېنت ئەزاسىنى 3 نەپەر قوغدىغۇچىسى بىلەن بىللە جەھەننەمگە ئۇزاتقان.

■ 2- ئاينىڭ 9- كۈنى ئافغانىستاندىكى ئامېرىكىنىڭ چوڭ ئەسكىرىي قوماندانى جون نىكىلسون ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە شىكايەت قىلىپ، ئافغانىستاندىكى ئەسكەرلىرىنىڭ سانىنى كۆپەيتىشنى تەلەپ قىلغان. بۇنىڭ سەۋەبى — يېقىندىن بېرى مۇجاھىدلارنىڭ ئەمەلىيەتلىرى كۆپىيىپ، ھازىرقى بار بولغان ئامېرىكا ئەسكەرلىرى ئۇلارغا تەڭ كېلەلمىگەن.

## ئەسكەرتىش

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گېزىت، رادىئو ۋە ژۇرناللىرىمىزنى ماقالە، شېئىر، سەرگۈزەشتە، تارىخ، ئەسكىرىي تەلىم، جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىباتلار، تېببىي مەلۇماتلار... قاتارلىق ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى سەمىمىي ئىلتىماس قىلىمىز.

بۇ گېزىتنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا الله تعالى نىڭ مەغپىرىتى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن! سالىھ دۇئالىرىڭلاردا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇنۇتمىغايسىلەر!

والسلام عليكم ورحمة الله وبركاته

## ئەرەب تىلى ئۆگىنىمەن

| جۈملىلەر | | سۆزلۈكلەر | |
|---|---|---|---|
| مەن قوڭۇر | اَنَا اَشْقَرُ | قوڭۇر | اَشْقَرُ |
| مېنىڭ خىزمەتچىم قوڭۇر | خَادِمَتِي شَقْرَاءُ | قوڭۇر (ئاياللىق) | شَقْرَاءُ |
| بىز قوڭۇر | نَحْنُ شُقْرٌ | قوڭۇرلار | شُقْرٌ |
| ئاۋۇ گاچا ياغاچچى گاس | ذَاكَ النَّجَّارُ الأَخْرَسُ اَصَمُّ | گاچا | اَخْرَسُ |
| مەريەمنىڭ دوستى گاچا | صَدِيقَةُ مَرْيَمَ خَرْسَاءُ | گاچا (ئاياللىق) | خَرْسَاءُ |
| سىلەر گاچا | اَنْتُنَّ خُرْسٌ | گاچىلار | خُرْسٌ |
| ئۇ گاس | هُوَ اَصَمُّ | گاس | اَصَمُّ |
| زەينەپنىڭ دۈشمىنى گاس | عَدُوَّةُ زَيْنَبَ صَمَّاءُ | گاس (ئاياللىق) | صَمَّاءُ |
| ئۇلار گاس | هُمْ صُمٌّ | گاسلار | صُمٌّ |
| خالىدنىڭ خوشنىسى ئەما | جَارُ خَالِدٍ اَعْمَى | ئەما | اَعْمَى |
| ئۇ ئايال ئەما | هِيَ عَمْيَاءُ | ئەما (ئاياللىق) | عَمْيَاءُ |
| ئۇلار ئەما | هُنَّ عُمْيٌ | ئەمالار | عُمْيٌ |

## نېمە ئۈچۈن «بوۋاقىقا قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى بەك بالدۇر بېرىش خەتەرلىك» دەيمىز؟

ئانا سۈتى تۆت ئايغا توشمىغان بوۋاقلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئېھتىياجىدىن تولۇق چىقالايدۇ شۇڭا بوۋاقلار تۆت ئايغا توشۇشتىن بۇرۇن قوشۇمچە يېمەكلىكلەرگە موھتاج بولمايدۇ.

تۆت ئايغا توشمىغان بوۋاقلارنىڭ ھەزىم قىلىش سىستېمىسى تولۇق تەرەققىي قىلمىغاچقا، قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى تولۇق ھەزىم قىلالماي ئىچى سۈرۈشنى ۋە ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. قوشۇمچە يېمەكلىكلەر ئانا سۈتىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىۋېلىپ، بوۋاقلارنىڭ ئانا سۈتىنى ئاز ئېمىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنداق بولغاندا ئانا سۈتىمۇ ئازلاپ كېتىدۇ ۋە بالىغا ئوزۇقلۇق يېتىشمەس بولۇپ قالىدۇ (ئىپمىلا دېگەن بىلەن قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى ئانا سۈتىدىن خېلىلا تۆۋەن تۇرىدۇ).

بوۋاقلار قوشۇمچە يېمەكلىك يېگەندە ئانا سۈتىنى ئاز ئېمىپ ئانا سۈتىنىڭ تەركىبىدىكى كېسەللىككە قارشى تۇرغۇچى ماددىلارنى ئاز قوبۇل قىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بوۋاقنىڭ ئىممۇنىتېت كۈچى ياخشى تەرەققىي قىلالماي ئاجىز ۋە ئاغرىقچان بولۇپ قالىدۇ.

قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى تەييارلاش جەريانىدا مىكروب بىلەن بۇلغىنىش ئېھتىماللىقى كۆپ بولۇپ، ئانا سۈتىدەك پاكىز ئەمەس ھەم بوۋاقنى ئاغرىتىپ قويۇش ئېھتىماللىقى يۇقىرى.

ئۇنىڭدىن سىرت، قوشۇمچە يېمەكلىكلەر ئانا سۈتىدىن خېلىلا قويۇق بولغاچقا بالىدا سۇ يېتىشمەسلىك پەيدا بولۇپ قەۋزىيەت، قۇرۇق ئىسسىق بولۇش، ماددا ئالماشىش ئاستا بولۇش، سۈيدۈك ئازىيىپ بەدەندىكى زەھەرلەرنىڭ تازىلىنىشى ئاستىلاش قاتارلىق ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ ۋە بالا تولا ئاغرىپ قالىدۇ.

بالا بەك كىچىك ۋاقتىدا بولماق، تاماق، ياڭاق، بادام قاتارلىق قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى ياخشى ھەزىم قىلالمايدۇ، ئاشقازان ۋە ئۈچەيلىرى كۆتۈرەلمەي بالا تولا بىئارام بولىدىغان، تولا يىغلايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

(بېشى 1- بەتتە)

باغلىنىشىنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ۋە الله نىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشكە ئىنتايىن ھېرىس ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ شۇڭلاشقا ئەۋس ئىبنى ھارىس رضي الله عنه ساۋۇت كىيمىگەن ھالدا دۈشمەنلەرگە ئوقتەك ئېتىلىپ كىرىپ كەتتى، ئاخىرى الله ئەۋس ئىبنى ھارىس رضي الله عنه نى شاھادەت نېئمىتى بىلەن ھۆرمەتلىدى («غزوات الرّسول»دىن ئېلىندى).

بۇ يېڭى جەمئىيەتنىڭ چۈشەنچىسى ئۆزگەرگەن، شەخسلىرى ئاخىرەتكە باغلانغان ئىدى. ئىلگىرى بۇ جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ غېمى ئايالالارغا قەھرىمانلىق كۆرسىتىش، قەبىلە باشلىقىنى رازى قىلىش، ئۆزلىرىنىڭ قەھرىمانلىقى ھەققىدە شېئىرلارنىڭ توقۇلۇشىنى ئارزۇ قىلىش ئىدى. ئەمدىلىكتە بولسا ئۇلار الله رىزالىقىنى ئىزدەشكە ئىنتايىن ھېرىسمەن بولۇپ قالدى («غزوات الرّسول»دىن ئېلىندى).

3. بەدر كۈنى سەئىد ئىبنى خەيسەمە رضي الله عنه ئاتىسى خەيسەمە رضي الله عنه بىلەن چەك تاشلاشتى، چەك سەئىد رضي الله عنه غا چىقتى. ئاتىسى سەئىد رضي الله عنه غا: «ئى ئوغلۇم! بۈگۈن ماڭا ئۆتۈنۈپ بەر» دېگەنىدى، سەئىد رضي الله عنه: «ئى ئاتا! جەننەتتىن باشقا نەرسە بولغان بولسا ئەلۋەتتە ئۆتۈنۈپ بەرگەن بولاتتىم» دېدى. سەئىد رضي الله عنه بەدرگە چىقىپ، بەدر جېڭىدە شەھىد قىلىندى. ئاتىسى خەيسەمە رضي الله عنه ئۇھۇد جېڭىدە شەھىد قىلىندى. بۇ خەۋەر بىزگە ساھابىلەرنىڭ الله يولىدا جىھاد قىلىشتا مۇسابىقىلىشىش ۋە رىقابەتلىشىشتىكى نۇرلۇق بىر نامايەندىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. سەئىد ئىبنى خەيسەمە ۋە ئۇنىڭ ئاتىسى خەيسەمە رضي الله عنهما لار ئىككىيلەندىن بىرىنىڭ قېپقېلىپ ئائىلىسىدە خىزمەت قىلىشقا ئېھتىياجلىق بولغانلىقى ئۈچۈن جەڭگە بىراقلا چىقىشقا قادىر بولالمىدى. ئۇلا شاھادەتكە يېتىشىلىشقا ھېرىسمەن بولغانلىقى سەۋەبىدىن جەڭگە چىقىشنى بىر-بىرىگە ئۆتۈنۈپ بەرمىدى-دە، چەك تاشلاشقا مەجبۇر بولدى. چەك سەئىد رضي الله عنه غا چىقتى (الله بۇ ئىككى ئاتا-بالىدىن رازى بولسۇن). ئوغۇل ئاتىغا ئىنتايىن ئەدەبلىك مۇئامىلە قىلغان بولسىمۇ، جەننەتكە ئاشىق بولغانلىقتىن بۇ پاساھەتلىك جاۋابنى قايتۇرۇپ: «ئى ئاتا! جەننەتتىن باشقا نەرسە بولغان بولسا ئەلۋەتتە ئۆتۈنۈپ بەرگەن بولاتتىم» دېدى.

4. رەسۇلۇللاھ ﷺ بەدر تەرەپكە يۈرۈش قىلىپ قوشۇننى كۆزدىن كەچۈرگەن ۋاقىتتا، ئۇمەير رضي الله عنه رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ كۆرۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى ئېلىپ قاچقان بولسىمۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنىلا ئۇنى قايتۇرۇۋەتتى، ئۇمەير رضي الله عنه يىغلاپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا ئىجازەت بەردى ۋە ئۇنىڭ قىلىچىنىڭ غىلاپىنى ئۆز قولى بىلەن چىگىپ بەردى.

سەئىد رضي الله عنه مۇنداق دەيدۇ: «مەن بەدر كۈنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قوشۇننى كۆزدىن كەچۈرۈشتىن ئىلگىرى ئۇمەيرنىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئۆزىنى ئېلىپ قاچقانلىقىنى كۆرۈپ: <ئى قېرىندىشىم! بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟> دەپ سورىسام، ئۇ: <مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مېنى كىچىك كۆرۈپ جەڭدىن قالدۇرۇپ قويۇشىدىن ئەندىشە قىلىمەن، ھەقىقەتەن مەن جەڭگە چىقىشنى ياخشى كۆرىمەن، الله نىڭ ماڭا شەھىدلىكنى رىزىق قىلىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن> دېدى. دەرۋەقە، ئۇمەير رضي الله عنه بەدر كۈنى شەھىد قىلىندى».

ئىبنى ئىسھاق ئىبنى ئابباس رضي الله عنه نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ ساھابىلىرىغا: <ھەقىقەتەن مەن بەنى ھاشىم ۋە ئۇلاردىن باشقا بىزگە ئۇرۇش قىلىش نىيىتى يوق بىر بۆلەك كىشىلەرنىڭ مەجبۇرى چىقىرىلغانلىقىنى بىلدىم. كىمكى بەنى ھاشىمدىن بىرەرسىگە ئۇچراشسا ئۇنى ئۆلتۈرمىسۇن ۋە كىمكى ئەبۇ بەختەرىگە ئۇچرىسا ئۇنى ئۆلتۈرمىسۇن، كىمكى ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپكە ئۇچرىشىپ قالسا ئۇنى ئۆلتۈرمىسۇن (چۈنكى ئۇ مەجبۇرىي چىققان ئىدى)> دېدى. ئەبۇ ھۇزەيفە ئىبنى ئۇتبە: <بىز ئاتىلىرىمىز ۋە ئوغۇللىرىمىزنى، ئەھلى جەمەتىمىزنى ئۆلتۈرۈپ ئابباسنى قويۇپ قويامدۇق!؟ الله بىلەن قەسەمكى! ئەگەر مەن ئۇنىڭغا ئۇچرىشىپ قالسام ئۇنى پارچە-پارچە قىلىۋېتىمەن> دېدى. بۇ خەۋەر رەسۇلۇللاھ ﷺ گە يەتكەندە، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رضي الله عنه غا: <ئى ئەبۇ ھەفسە (ئۆمەر رضي الله عنه نى دېمەكچى)! رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسىنىڭ يۈزىگە قىلىچ بىلەن ئۇرۇلامدۇ؟> دېگەنىدى، ئۆمەر رضي الله عنه: <ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا رۇخسەت قىلغىن، ئۇنىڭ بويىنىنى قىلىچ بىلەن چاپاي، ئۇ مۇناپىق بولۇپ كەتتى> دېدى. ئەبۇ ھۇزەيفە: <شۇ كۈنى قىلغان سۆزۈمدىن خاتىرجەم بولالمايمەن، مەندىن ئۇ خاتالىقنى شاھادەتتىن باشقا نەرسە ئۆچۈرەلمەيدۇ> دەيتتى، ئاقىۋەت ئۇ يەمامە كۈنى شەھىد قىلىندى»* («الرحيق المختوم»دىن ئېلىندى).

6. ئەبۇ بەختەرنى ئۆلتۈرۈشتىن توسۇشنىڭ سەۋەبى — پەيغەمبەر ﷺ مەككىدىكى چاغدا ئەبۇ بەختەر ئۇنىڭغا ئەزىيەت بەرمىگەن ئىدى ھەمدە ئۇ پەيغەمبەر ﷺ ياقتۇرمايدىغان بىرەر ئىشنى قىلمايتتى. ئەبۇ بەختەر بەنى ھاشىم ۋە بەنى مۇتەللىپكە ئېمبارگو يۈرگۈزۈش كېلىشىمنامىسىنى بۇزۇشقا قاتناشقان كىشىلەردىن ئىدى لېكىن ئۇ شۇنداق بولسىمۇ ئۆلتۈرۈلدى. سەۋەبى، مۇجەززەر ئىبنى زىيادىلبەلەۋىي رضي الله عنه جەڭدە ئۇنىڭغا ئۇچرىشىپ قالدى. ئەبۇ بەختەر ھەمراھى بىلەن بىللە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئىدى. مۇجەززەر رضي الله عنه: «ئى ئەبۇ بەختەر! رەسۇلۇللاھ ﷺ سېنى ئۆلتۈرۈشتىن توسقان ئىدى» دېدى، ئۇ: «ھەمراھىمچۇ؟» دېگەنىدى، مۇجەززەر رضي الله عنه: «الله بىلەن قەسەمكى! بىز سېنىڭ ھەمراھىڭنى تاشلاپ قويمايمىز» دېدى. ئەبۇ بەختەر: «الله بىلەن قەسەم! ئۇنداقتا مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆلىمەن» دېدى، ئاندىن ئىككىسى ئۇرۇشۇپ مۇجەززەر رضي الله عنه ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە مەجبۇر بولۇپ قالدى.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

---

* ئىزاھات: بۇ ۋەقەلىكتىن ئىنساننىڭ تىلىنى ساقلىشىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكى چىقىدۇ. ئۇ گەرچە كاتتا ساھابە بولسىمۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بۇيرۇقىغا قارشى گەپ قىلىپ سېلىپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە پۇشايمان قىلغان ھەتتا شاھادەت ئارقىلىق الله تىن گۇناھىنىڭ مەغپىرەت بولۇشىنى تىلىگەن.




## قەدىمكى ۋە ھازىرقى زاماندىكى خاۋارىجلار

### 2 ـ پەسىل: خاۋارىجلارنى تونۇشتۇرۇش

«خاۋارىج» دېگەننىڭ لۇغەت مەنىسى «چىقىپ كەتكۈچىلەر»، «چىققۇچىلار»، «قارشى چىققۇچىلار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ «مارىقە» دېگەن سۆزى بىلەن مەنىداشتۇر. بۇخارى خاتىرىلىگەن ھەدىستە: «مۇسۇلمانلار بۆلۈنگەن چاغدا مارىقەلەر چىقىدۇ» دېيىلگەن («سەھىھ بۇخارى» 6933- ھەدىس).

بۇ ھەدىستىكى «مارىقە» دېگەن سۆز «چىقىپ كەتكۈچى» دېگەن مەنىدە. دېمەك، ھەدىسلەردىكى «چىقىپ كەتكۈچىلەر»، «چىقىدۇ»، «چىقىپ كېتىدۇ» دېگەن ئىبارىلەرگە ئاساسەن ساھابىلەر ۋە سەلەفلەرنىڭ دەۋرىدىكى فىقھى ھەم ھەدىس ئىماملىرى ئۇلارغا «خاۋارىجلار (يەنى چىققۇچىلار)» ۋە «ھەرۇرىيە (يەنى ھەرۇرالىقلار)» دېگەن ئىسىملارنى قوللانغان.

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «خاۋارىجلار — دوزاخ ئەھلىنىڭ ئىتلىرىدۇر» («ئىبنى ماجە» 173- ھەدىس، «ئەھمەد» 1913- ھەدىس، «ترمىزى» 3000- ھەدىس، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن).

«خاۋارىج» دېگەن سۆزنىڭ ئىستىلاھ مەنىسى — مۇسۇلمانلارنى ناھەق كاپىرغا چىقىرىش بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ قانلىرىنى «ھالال» دەپ قارايدىغانلار دېگەنلىكتۇر. بۇنىڭ دەلىلى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئۇلار شېرىك ئەھلىنى قويۇپ ئىسلام ئەھلىنى ئۆلتۈرىدۇ. ئەگەر مەن ئۇلارنى تاپسام ئىدىم چوقۇم ئاد قەۋمىنى ئۆلتۈرگەندەك ئۆلتۈرگەن بولاتتىم» («سەھىھ بۇخارى» 3344- ھەدىس، «سەھىھ مۇسلىم» 1064- ھەدىس).

موللا ئەلى قارى ئېيتىدۇكى: «مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈشتىكى سەۋەب ئۇلارنى كاپىرغا چىقارغانلىقتىندۇر» («مرقاة المفاتيح» 9- توم 798- بەت). ئىبنى تەيمىيە رحمه الله مۇنداق دېگەن: «خاۋارىجلار قىبلە ئەھلىنى <مۇرتەد> دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقى ئۈچۈن، مۇرتەد ئەمەس ئەسلى كاپىرنىڭ قېنىدىن بەكرەك ئەھلى قىبلىنىڭ قېنىنى ھالال سانايدۇ چۈنكى مۇرتەد ئەسلى كاپىردىن يامان ۋە زىيانلىقراقتۇر» («مجموع الفتاوى» 28- قىسىم 497- بەت).

مۇسۇلماننى كاپىرغا چىقارماستىن ئۆلتۈرگەن كىشىنى قۇرئان-ھەدىس ۋە سەلەفلەرنىڭ ئىجماسى «خاۋارىج» دېمەستىن بەلكى «سەۋەنلىك ياكى قەستەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرگۈچى قاتىل» دەپ ئاتىغان شۇڭا «ئۇلار كاپىرنى قويۇپ مۇسۇلماننى ئۆلتۈرىدۇ» دېگەن ھەدىسنى قۇرئان-ھەدىس ۋە ساھابىلەرنىڭ چۈشەنچىسىدىن چىقىپ كەتمەي تۇرۇپ چۈشىنىش لازىم. بۇنداق قىلمىغان كىشى ئازغۇن ھېسابلىنىدۇ، ھەر قانداق ئازغۇنلۇق دوزاختا بولىدۇ.

خاۋارىج بولۇشنىڭ بىرىنچى شەرتى مۇسۇلماننى ناھەق كاپىرغا چىقىرىش بولسا، ئىككىنچى شەرتى «قېنىنى ھالال ساناش» دېيىلگەن ئىدى، شۇڭا خاۋارىج بولۇش ئۈچۈن مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈشلا شەرت ئەمەس بەلكى مۇسۇلمانلارنى ناھەق كاپىرغا چىقىرىپ ئۆلتۈرۈشنى قوللىغان ياكى رازى بولغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسا مۇسۇلمانلارنىڭ قېنىنى ھالال سانىغانلىق بولىۋېرىدۇ چۈنكى گۇناھنى قىلمىسىمۇ گۇناھنى تەرغىب قىلىش ياكى رازى بولۇش بولسا گۇناھ قىلغان بولىدىغانلىقىغا قۇرئان-سۈننەت ۋە ئىجمادا نۇرغۇن دەلىللەر بار.

بۇنىڭغا يەنە ئالىملارنىڭ ئىجماسى ھەم دەلىلدۇر. ئالىملار شۇنىڭغا ئىتتىپاقتا كەلگەنكى، خاۋارىج پىرقىلىرىنىڭ ئىچىدە ھاكىمغا قارشى چىقىشنى ياكى مۇسۇلمانلارغا قورال كۆتۈرۈشنى ۋاجىب دەپ قارىمايدىغان پىرقىلەر بار. مەسىلەن، قەئەدە ياكى قەئەدىيە خاۋارىجلىرىغا ئوخشاش. ئۇلار جەڭ قىلىشتىن ئولتۇرۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن «قەئەدە ياكى قەئەدىيە (يەنى ئولتۇرۇپ قالغۇچىلار) پىرقىسى» دەپ ئاتالغان. ئۇلار خاۋارىجلارنىڭ قىلىقىنى بىۋاستە قىلماستىن بەلكى ئۇلارنىڭ سۆزلىرى ۋە پىكىرلىرىگە باشقىلارنى تەرغىب قىلاتتى.

ئىبنى ھەجەر رحمه الله مۇنداق دېگەن: «قەئەدىيەلەر بولسا خاۋارىجلار ئىچىدىكى بىر تائىپە بولۇپ، ئۇلار خاۋارىجلارنىڭ سۆزلىرىنى ياقىلايدۇ لېكىن قىلىچ بىلەن قارشى چىقىشنى ئۆزلىرىگە راۋا كۆرمەيدۇ ئەمما قىلىچ بىلەن قارشى چىقىشنى باشقىلارغا چىرايلىق كۆرسىتىدۇ».

ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «قەئەدە خاۋارىجلىرى ئۇرۇش قىلىشنى ئۆزلىرىگە راۋا كۆرمەستىن بەلكى زالىم ئەمىرلەرنى تاقىتىنىڭ يېتىشىچە ئىنكار قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ كۆز قارىشىغا دەۋەت قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە قورالىق قارشى چىقىشنى باشقىلارغا زىننەتلەپ چىرايلىق كۆرسىتىدۇ» («فتح الباري» 1- توم 234- بەت) شۇڭا گەرچە ئۇلار بىۋاستە ئۇرۇش قىلمىغان ۋە ھاكىمغا قوراللىق قارشى چىقمىغان بولسىمۇ ئالىملار يەنىلا ئۇلارنى خاۋارىجلار دەپ ئاتىغان. ئالىملار ھېچقاچان خاۋارىجلارنى مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرمىگۈچە، ھاكىملارغا قارشى چىقمىغۇچە ياكى گۇناھى كەبىر قىلغاننى كاپىر دېمىگۈچە ئۇلارنى خاۋارىج دېگىلى بولمايدۇ دېگەن ئەمەس چۈنكى گۇناھى كەبىر قىلغانلارنى كاپىر دەيدىغان خاۋارىجلار ئەلى رضي الله عنه دەۋرىدىكى خاۋارىجلاردىن كېيىن پەيدا بولغان. ئالىملارنىڭ: «ئۇلار (يەنى خاۋارىجلار) گۇناھى كەبىر قىلغانلارنى كاپىرغا چىقىرىدۇ، ھاكىمغا قارشى چىقىدۇ، مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە...» دېگەن سۆزلىرى «مۇشۇنداق قىلمىسا خاۋارىج بولمايدۇ» دېگەنلىك ئەمەس چۈنكى خاۋارىجلار ھەزرىتى ئەلى رضي الله عنه قاتارلىق ساھابىلەرنى گۇناھ قىلغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس بەلكى ئۇرۇشۇپ قالغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىش، ئائىشە رضي الله عنها نى ئەسىرگە ئالماسلىق، چۆرە قىلماسلىق ۋە شەرئىي سىياسەت يۈزىسىدىن «ئەمىرىلمۇئمىنىن» دېگەن ئىسىمنى قوللانماسلىق قاتارلىق بىر بۆلەك ئىبادەت ۋە مۇباھ ئىشلارنى «الله نىڭ ھۆكمىنى ئۆزگەرتكەنلىك ۋە الله نىڭ ھاكىملىقىغا شېرىك كەلتۈرگەنلىك» دەپ قاراپ كاپىرغا چىقارغان. ئالىملارنىڭ ئۇلارنى ئۇنداق سۈپەتلىشى بولسا خاۋارىجلار مۇسۇلماننى ناھەق كاپىرغا چىقارغاندىن كېيىن، نەتىجىدە مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرىدىغان ئەمما گۇناھى كەبىر قىلغۇچىلارنى «كاپىر» دېمەيدىغان ياكى مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرمەيدىغان لېكىن ھاكىمغا قوراللىق قارشى چىقىدىغان ۋە ياكى ھېچكىمگە قوراللىق قارشى چىقماستىن خاۋارىجلارنىڭ پىكىرلىرىنى (يەنى مۇسۇلماننى ناھەق كاپىرغا چىقىرىشلىرىنى) چىرايلىق كۆرسىتىدىغان خاۋارىجلار مەيدانغا كەلگەن شۇڭا ئۇلارنىڭ بەزى پىرقىلىرى يەنە بەزى پىرقىلىرىنى كاپىرغا چىقىرىشىدۇ.

قەئەدىيە خاۋارىجلىرىنى نۇرغۇن ئالىملار: «خاۋارىجلار ئىچىدىكى ئەڭ رەزىل، زىيانلىق تائىپە» دەپ ھېسابلىغان. مەسىلەن، ئەبۇ داۋۇد «مسائل الإمام أحمد» دېگەن كىتابىدا ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد (يەنى ئەبۇ ئابدۇللاھ دەئىف) دېگەن كىشىدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دېگەن: «قەئەدىيە خاۋارىجلىرى بولسا خاۋارىجلار ئىچىدىكى ئەڭ رەزىل ۋە زىيانلىق تائىپىدۇر» («مسائل الإمام أحمد» 1- توم 362- بەت).

ئالىملارنىڭ خاۋارىجلارنى «گۇناھى كەبىر قىلغانلارنى كاپىرغا چىقىرىدۇ...» قاتارلىق بىر بۆلەك قوشۇمچە سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىگەنلىكى بولسا خۇددى رافىزىيلارنى «ئۇلار ۋاقىتلىق نىكاھنى ھالال سانايدۇ، ئۆتۈككە مەسىھ قىلىشنى <ھارام> دەپ يالاڭ پۇتىغا مەسىھ قىلىدۇ...» قاتارلىق قوشۇمچە سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىگىنىگە ئوخشاش چۈنكى رافىزىيلارنىڭ بۇ سۈپەتلىرى ئەبۇبەكرى، ئۆمەر رضي الله عنهما قاتارلىق ساھابىلەرنى «بىرىنچى بولۇپ خەلىپە بولىدىغان ئەلى رضي الله عنه نىڭ خەلىپىلىكىنى بۇلاپ ئېلىۋالغان زالىم، خائىن ۋە مۇناپىقلار» دەپ تىللاش ئارقىلىق رافىزىيغا ئايلىنىپ بولغاندىن كېيىن پەيدا بولغان. شۇڭا بىر كىشى ۋاقىتلىق نىكاھنى ھالال ساناش بىلەن ياكى ئۆتۈككە مەسىھ قىلىشنى ئىنكار قىلىپ يالاڭ پۇتىغا مەسىھ قىلغانلىقى بىلەن گۇناھكار، پاسىق بولسىمۇ رافىزىي بولۇپ قالمايدۇ ھەمدە بىر كىشى مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈش ياكى ھاكىمغا قارشى چىقىش ۋە ياكى چېچىنى چۈشۈرۈۋېتىش بىلەنلا خاۋارىج بولمايدۇ بەلكى گۇناھكار، پاسىق ياكى مۇباھ ئىشنى قىلغان ھېسابلىنىدۇ چۈنكى بۇ سۈپەتلەر بولسا خاۋارىجلار مۇسۇلماننى ناھەق كاپىرغا چىقىرىپ، قېنىنى ھالال ساناپ، خاۋارىج بولۇپ بولغاندىن كېيىن پەيدا بولغان سۈپەتلەردۇر.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)





## بىر شەھىد ئائىلىسىنىڭ ئوغلىغا قىلغان نەسىھەتى

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

بارلىق ھەمدۇ-سانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله قا خاستۇر. دۇرۇت ۋە سالاملار يولباشچىمىز مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابە كراملارغا، تابىئىنلارغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇ زاتقا ئەگىشىپ، يولىنى چىڭ تۇتۇپ ماڭغان مۇئمىن-مۇجاھىدلارغا بولسۇن! (ئامىن)

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ!

سۆيۈملۈك ئوغلۇم، ئۇلۇغ قۇربان ھېيتىڭغا مۇبارەك بولسۇن! ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن بۈگۈن ئەتىگەندىلا سېنى يۇيۇندۇرۇپ، ھېيتلىق كىيىملىرىڭنى كىيدۈرۈپ بىرەر قۇر جايلاشتۇردۇم. سېنىڭ خۇددى «مەن يېڭى كىيىم كىيدىم» دېگەندەك تاتلىق ئەركىلەشلىرىڭگە، ئۇماق قىلىقلىرىڭغا قاراپ تويۇقسىز كۆڭلۈم بۇزۇلدى. قەلبىمدىكى ساڭا ئېيتماقچى بولغان ئەمما ساڭا ئىپادىلەپ بېرىشكە ئامالسىز بولغان بۇ گەپلىرىمنى قەغەز يۈزىدە ئىپادىلىمەكچى بولدۇم. ئىنشائاللاھ سەن چوڭ بولۇپ ئىش بىلگۈدەك بولغىنىڭدا مەيلى مەن يېنىڭدا بولاي ياكى بولماي، «ئانامنىڭ ماڭا قىلغان نەسىھەتى ئىكەن» دەپ ئوقۇپ قويارسەن. بۇ مېنىڭ ساڭا قىلغان نەسىھەتىملا ئەمەس بەلكى ۋەسىيىتىم.

ئوغلۇم، ساڭا يەنە بىر قېتىم مۇبارەك بولسۇن! چۈنكى سەن يېقىندىلا شەھىدنىڭ ئوغلى بولدۇڭ شۇنداقلا بۇ كىچىك ئائىلىمىز شەھىد ئائىلىسىگە ئايلاندى. بۇ ھەقىقەتەن ھەممىلا ئادەمگە نېسىپ بولمايدىغان كاتتا خۇشاللىق. شۇ تاپتا مەنمۇ «ئەمدىلا نەچچە ئايلىق بولغان ئوغلۇم يېتىم قالدى، ئۆزۈم ياش تۇرۇپ تۇل قالدىم» دەپ مەيۈسلىنىشنىڭ ئورنىغا پەخىرلىنىمەن. داداڭنىڭ قۇتۇلۇپ ياخشى جايغا كەتكەنلىكىگە، ئائىلىمىزدىن بىر شەھىد چىققانلىقىغا، الله يولىغا بىر شەھىد بېرەلىگىنىمىزگە خۇشال بولۇۋاتىمەن. بۇ يولدا مەن يەنە خۇشاللىق بىلەن شەھىد بېرىشكە تەييار.

ئوغلۇم! بىلگىنكى، داداڭ رحمه الله بىلەن ئىككىمىز سېنى تۇغۇلغاندىلا الله يولىغا ئاتىغانمىز. بىز بۇ يولغا سەن بىر ئەمەس يەنە نەچچە ئوغلىمىز بولغان بولسىمۇ ئاتىغان بولاتتۇق. ئىسمىڭنىڭ نېمە ئۈچۈن «جۇندۇللاھ» دەپ قويۇلغانلىقىنى بىلەمسەن؟ بىز بۇ ئىسىمنى قۇلىقىمىزغا چىرايلىق ئاڭلىنىپ ياكى بىرەرسىنى دوراپ ئەمەس بەلكى «الله ئوغلىمىزنىڭ ئىسمىنىلا ئەمەس روھىنىمۇ، جىسمىنىمۇ ياخشى كۆرسۇن، ھەقىقىي دىن سۆيەر مۇجاھىد بولسۇن» دەپ قويغانىمىز. مانا بۈگۈنكىدەك ئايەم كۈنلىرى داداڭ بىلەن بىرگە ئويىنغۇڭ، قۇچاقلىرىغا چىقىپ سىرتتىكى بالىلار بىلەن ھېيت تەنتەنىسى قىلغۇڭ كېلىۋاتامدۇ؟ بوۋىلىرىڭنىڭ ساقاللىرىغا، مومىلىرىڭنىڭ پەشلىرىگە ئېسىلىپ ئەركىلىگۈڭ كېلىۋاتامدۇ؟ بوۋاڭ ۋە موماڭ بىردىنبىر نەۋرىسى بولغان سېنى كۆرسە قانچە خۇشال بولۇپ كېتەر-ھە! ئەپسۇسكى، ئۇلار سېنى كۆرۈش ئەمەس بەلكى جاھاننىڭ بىر بۇرجىكىدە، جەڭگاھلاردا سېنىڭدەك بىر نەۋرىسىنىڭ بارلىقىنىمۇ بىلمەسلىكى مۇمكىن.

مەندەك جىسمانىي جەھەتتە ئاجىز يارىتىلغان، قولىغا قورال ئېلىپ داداڭنىڭ قىساسىنى ئېلىشقا ئاجىز كەلگەن ئاناڭنى كەچۈرگىن ئوغلۇم. قولۇمدىن پەقەت قول كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىشلا كېلىدۇ. ئۈمىد سەندە قالدى ئوغلۇم. جېنىم ئوغلۇم، داداڭ يەلكىسىگە ئاسقان بۇ قورالنى سەن تاشلىۋەتمە. داداڭ مېڭىش ئۈچۈن ئەمدىلا قەدەم ئالغان بۇ يولنى داۋاملاشتۇر! داداڭ بىرەر كاپىرغا بىر پاي ئوق ئېتىشقا ئۈلگۈرمەيلا شەھىد بولدى. سەن نەچچە يۈز، ياق! نەچچە مىڭلىغان كاپىرلارنى يىقىتقۇدەك مۇجاھىد بول. داداڭنىڭ بەدەنلىرى كاپىر-تاغۇتلار تەرىپىدىن پارچە-پارچە قىلىۋېتىلگەن بولسا، سەنمۇ نىجىس كاپىرلارنىڭ بەدەنلىرىنى پارچە-پارچە قىلىۋەت. بىر داداڭلا ئەمەس پۈتۈن ئۈممەتنىڭ قان قىساسى ساڭا ئامانەت قالدى ئوغلۇم.

داداڭنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلگۈڭ بارمۇ؟ داداڭنىڭ قەلبى ئۈممەت ئۈچۈن بىر دەريا، ياق! بىر دېڭىز ئىدى بەلكى يالقۇنلاپ تۇرغان بىر پارچە ئوت دېيسەممۇ ئارتۇق كەتمەس. تۈرمىلەردە زەنجىر-كىشەنلەر بىلەن كىشەنلەنگەن شۇ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھەمدە خورلىنىۋاتقان، ئار-نومۇسى ۋە ئىپپىتى دەپسەندە بولۇۋاتقان ئاجىز مەزلۇمە ئاچا-سىڭىللىرىمىزنىڭ گېپى چىقسا داداڭ يىغلاپ ساقاللىرى ھۆل بولۇپ كېتەتتى.

شۇنداق، زالىم تاغۇت قانچىلىغان ئانىلىرىمىزنى پەرزەنت ئۈچۈن كۆزلىرىدىن قان-ياش ئاققۇزۇپ، يۈرىكىنى كاۋاپ قىلدى؛ قانچىلىغان ئاچا-سىڭىللىرىمىزنى ئاتىسىز، ئاكىسىز، ئەرسىز قالدۇرۇش بىلەن بىرگە ئىپپىتىنى دەپسەندە قىلىۋاتىدۇ. ساڭا ئوخشاش قانچىلىغان جۈپ كۆزلەر يېتىم قالدى. ئەمما مەيۈسلەنمە ئوغلۇم! بىلگىنكى، پەيغەمبەرلەرنىڭ سەييىدى بولغان الله نىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك بەندىسى مۇھەممەد ﷺ مۇ يېتىم ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈنكى غېرىب بالىلار پەقەت سەنلا ئەمەس. زالىم تاغۇت بۈگۈنكى كۈندە «رەببىم الله» دېگەن ھەرقانداق مۇئمىننى ۋە مۇئمىنلەرنىڭ بالىلىرىنى، ئاتا-ئانىلىرىنى غېرىب قىلماقتا. سۆيۈملۈك رەسۇلىمىز 1400 يىل بۇرۇنلا سەندەك، بىزدەك غېرىبلارغا خۇش مۇبارەك ئېيتقان ئەمەسمۇ؟! غېرىبمەن دەپ بوشىشىپ قالما! سەن يالغۇز ئەمەس، الله تىن ئىبارەت ھەممىدىن كۈچلۈك بولغان، ھەممىگە قادىر زات ھەر دائىم سەن ۋە بىز بىلەن بىللە.

قورقما! ئوغلۇم، مۇئمىن ئۈچۈن قورقۇشقا الله ئەڭ لايىقتۇر. سەنمۇ چوڭ بولۇپ ئۇلارغا ئۇرۇش ئاچقىن. الله ئۇلارنى سېنىڭ قولۇڭ بىلەن جازالايدۇ، الله ئۇلارنى خار قىلىدۇ. الله مۇسۇلمانلارنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غالىب قىلىدۇ. بىلگىنكى، الله نىڭ نۇسرىتى يېقىندۇر، غەلىبە ھامان مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپتۇر. الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: «غەلىبە الله قا، الله نىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە مەنسۇپ لېكىن مۇناپىقلار (غەلىبىنىڭ الله نىڭ دۈشمەنلىرىگە ئەمەس بەلكى دوستلىرىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى) بىلمەيدۇ» (سۈرە مۇنافىقۇن 8- ئايەت).

— سېنى سۆيۈپ قىساسكار ئاناڭدىن.

## كۈتمەن

ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

تىلەپ رەببىمدىن تەۋپىق، ھىدايەت،
قىلدىم مەن ھىجرەت بولدۇم سالامەت،
ئارزۇيۇم تاپماق جەننەت، سائادەت،
كۈتمەن سېنى كەلگىن شاھادەت.

رەسۇل تىلىگەن سېنى نەچچە رەت،
ساھابىلارغا قىلىپ كۆپ دەۋەت.
بولسا رەببىمنىڭ رىزاسى پەقەت،
كۈتمەن سېنى كەلگىن شاھادەت.

كېلەركەن ئۆلۈم ئىنسانغا بىر كۈن،
تاپاركەن ئەتە تاپمىسا بۈگۈن.
قالمايدۇ ئارمان كەتسەك دىن ئۈچۈن،
كۈتمەن سېنى كەلگىن شاھادەت.

بەزىلەر كەتتى پۇل-مال جۇغلۇشۇپ،
ھەتتا بەزىلەر دۇنيا قوغلۇشۇپ،
ئۆتەركەن ھايات كۈن-ئاي ئۇلۇشۇپ،
كۈتمەن سېنى كەلگىن شاھادەت.

قېنى زۇلقەرنەين، قېنى چىڭگىزخان؟!
يۈز يىللاپ ياشاپ ھەم كەتتى لوقمان.
بىزگىمۇ يوقتۇر كەتمەسكە ئىمكان،
كۈتمەن سېنى كەلگىن شاھادەت.

ھاياتتا كۆپلەر غايىسىز ئۆتەر،
يەنە بەزىلەر كۆرپىدە ئۆلەر.
لېكىن مۇجاھىد ئەجەلنى كۈتەر،
كۈتمەن سېنى كەلگىن شاھادەت.

كۇفرىدا قالدى كۆپلەپ قىساس-قان،
زىنداندا مەھكۇم مىليون مۇسۇلمان.
كەتسەك نە ئارمان ئېلىپ ئىنتىقام،
كۈتمەن سېنى كەلگىن شاھادەت.

ئۈممەتكە كېرەك ئەركەك، چەۋەنداز،
ياراشماس ئەمدى كۆرپە-يېكەنداز.
جىھادقا قوشۇپ كۈچ-قۇۋۋەت، ئاۋاز،
كۈتمەن سېنى كەلگىن شاھادەت.

باقساق تارىخقا ئۇلۇغ پەيغەمبەر
قىلىپ جەڭ-جىھاد تاپقان كۆپ زەپەر.
ھاياتقا تىكلەپ رەسۇلنى رەھبەر،
كۈتمەن سېنى كەلگىن شاھادەت.

بولساقمۇ باتۇر قىسقارماس ھايات،
ياكى ئۇزارماس قىلمىساق جىھاد.
تەقدىرنى پۈتكەن دەپتەرگە ئۇ زات،
كۈتمەن سېنى كەلگىن شاھادەت.

شەھىدكە بەردى ۋەدىلەر رەببىم،
ئويلىسام ئۇنى سۆيۈنەر قەلبىم.
رەببىم رىزاسى مەھشەردە تىلىكىم،
كۈتمەن سېنى كەلگىن شاھادەت.

رەببىم يولىدا تۆكۈلسە قېنىم،
تەكبىر ئىچىدە چىقسا ھەم جېنىم.
تۇپراققا كىرىپ كەتسىمۇ تېنىم،
كۈتمەن سېنى كەلگىن شاھادەت.

رەسۇلۇللاھقا بولۇپ سورۇنداش،
شاپائىتىمگە كىرسە قېرىنداش.
ھاياجان بىلەن تۆكۈلسە كۆز ياش،
كۈتمەن سېنى كەلگىن شاھادەت.

بولدى بەزىلەر پۇل ئۈچۈن ئاقچى،
ھەتتا بەزىلەر كاپىرغا ساقچى.
رەببىم يولىدا بولۇپ «تېررورچى»،
كۈتمەن سېنى كەلگىن شاھادەت.

جىھادتا باردۇر ھاياتى قىممەت،
قورالدا ھەم بار ئىلاھىي ھېكمەت.
جىھادىم ئىززەت، قورالىم ئىززەت،
كۈتمەن سېنى كەلگىن شاھادەت.

رەسۇلغا ۋارىس بولغانلار قېنى؟!
ئۈممەتكە ساھىب قورغانلار قېنى؟!
قەلبى قىساسقا تولغانلار قېنى؟!
كۈتمەن سېنى كەلگىن شاھادەت.

كۇفۇر ئىسلامغا قۇردى قارشى سەپ،
ئۈممەت ۋارقىرار: «قېنى ئەركەك؟!» دەپ.
ھەييە ئەلەل جىھاد ئەجەم ۋە ئەرەب،
كۈتمەن سېنى كەلگىن شاھادەت.

## پەيغەمبەر تىبابىتى
## بىلىۋېلىڭ-ئىلىۋېلىڭ

### قار (ثَلْجٌ)

«سەھىھ مۇسلىم»دا كەلگەن ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دۇئا قىلغان: «ئى الله! گۇناھلىرىمنى سۇ بىلەن، قار بىلەن ۋە مۆلدۈر بىلەن يۇغىن!» (1335- ھەدىس).

بۇ ھەدىستىن شۇ مەلۇم بولىدۇكى، كېسەللىككە ئەكسى بىلەن داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ چۈنكى گۇناھلاردا ھارارەت ۋە كۆيدۈرۈش بار؛ ئۇ قار، مۆلدۈر ۋە سۇ بىلەن قايتۇرۇلىدۇ.

«ئىسسىق سۇ كىرنى ياخشى چىقىرىدۇ» دېيىلمەسلىكى كېرەك چۈنكى سوغۇق سۇنىڭ تەننى چىڭىتىش ۋە كۈچلەندۈرۈش ئالاھىدىلىكى بار، ئۇ ئالاھىدىلىك ئىسسىق سۇدا يوق. گۇناھنىڭ ئىككى تەسىرى بار: بىرى، مەينەتلەشتۈرۈش؛ يەنە بىرى، بوشىتىش.

گۇناھلاردىن پاكلىنىش ئۈچۈن قەلبنى تازىلايدىغان ۋە ئۇنى مۇستەھكەم قىلىدىغان نەرسىلەر بىلەن داۋالىنىش كېرەك. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قار، سۇ ۋە مۆلدۈرنى تىلغا ئېلىشى گۇناھنىڭ مەزكۇر ئىككى تەسىرىگە ئىشارەت قىلماق ئۈچۈندۇر.

قارنىڭ مىزاجى سوغۇقدۇر، «ئىسسىق» دېگۈچىلەر خاتالاشقۇچىلاردۇر. ئۇلار: «ئۇنىڭدىن جانلىق پەيدا بولىدۇ» دەپ گۇمان قىلىدۇ، بۇ ئۇنىڭ ھارارىتىگە دالالەت قىلمايدۇ چۈنكى سوغۇق مېۋە ۋە ئاچچىقسۇدىنمۇ جانلىق پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇسسىتىشى ھارارەتنى قوزغاش ئۈچۈن بولۇپ، ئۆزىدىكى ھارارەت سەۋەبىدىن ئەمەس.

ئۇ ئاشقازان ۋە نېرۋىلارغا زىيانلىق. ئەگەر چىش زىيادە ھارارەتتىن ئاغرىسا، قار ئۇنى پەسلىتىدۇ.




### قەلەم

بىلال بىر پېقىر ياغاچچىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ بىر كۈنى بىر سىياھ قەلەمنى يىتتۈرۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن يول بويىدا ئولتۇرۇپ يىغلاشقا باشلىدى. يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان سالاپەتلىك بىر ئادەم بىلالنىڭ نېمىشقا يىغلاۋاتقانلىقىنى سورىغاندىن كېيىن يانچۇقىدىن بىر قەلەم چىقىرىپ:

— يىتتۈرۈپ قويغان قەلىمىڭ مۇشۇمۇ؟ — دەپ سورىدى. بىلال يىغىدىن توختاشقا تىرىشىپ:

— ياق، مېنىڭ قەلىمىم بۇنچىلىك چىرايلىق ئەمەس ئىدى، — دېدى. بۇ ئادەمگە بىلالنىڭ راستچىل ۋە سەمىمىيلىكى ياراپ قالغان ئىدى.

— ئۇنداق بولسا راستچىللىقىڭ ئۈچۈن مەن بۇ قەلەمنى ساڭا سوۋغا قىلاي. ئۆتۈنۈپ قالاي، سوۋغامنى قوبۇل قىلغىن، — دەپ قەلەمنى ئۇنىڭغا بەردى.

پەيغەمبىرىمىز راستچىل، سەمىمىي كىشىلەرگە الله بېرىدىغان ئەجىرنى مۇنداق بايان قىلغان: «راستچىللىق كىشىنى ياخشىلىققا، ياخشىلىق بولسا جەننەتكە ئېلىپ بارىدۇ» (بۇخارى رىۋايىتى).